# انجیل

# تبدیل تاپماغان نینك ثبوتی

کاشغر شهریدە باسیلدی

# انجیل تبدیل تاپماغان نینک ثبوتی

ای مسلمان برادرلار خدا بیزگا تورات زبور انجیل قرآن نی برگانیگا اقرار قیلورسیزلار. اندااغ بولغاندین کین نمه ایشقه مسیحیلار انجیلدین وعظ ایتقاندا انگا قولاق سالماس سیزلار؟ فکر قیلورمن که مونگا برادورغان جوابینگیز بودور: راست بیز انجیل نی خدانینک کلامی دیب اعتقاد قیلورمیز لیکن بیزنینک عالملاریمیز مسیحیلار انجیل نینک بعضی سوزلارینی یوقاتیب بعضی یرلارینی تبدیل قیلیب دور دیب ایتورلار.

مسلمانلار نینک عالملاری نینک بو سوزلارینی تحقیق قیلماق لازم دور. بو توغرادین اوّلقی سوالیمیز بودور؟ اولار سوزلاری نینک راستلیقیغه دلیل کلتورالورمو؟ مثلاً چونک بر بای اوز اورنیدا بر کشی نی وکیل قیلیب انگا جمیع حساب دفترلارینی تاپشورغان بولسه اول وکیل نینک بر دوشمنی قوپوب بو آدم ایش نی راستلیق بیلان قیلمایدور چیقّان خراجات نی چونک قیلیب پتوب کلکان فایده نی آز ایتیب پتویدور دیسه البتّه بو کشیگا ایتقان سوزی نینک راستلیقیغه دلیل کلتورماک لازم دور. اول وکیل اوز حساب دفترلارینی کلتوروب ایتسه که منا منینک دفترلاریم راست دور چیقّان نی چیقّانیچه کیرگان نی کیرگانیچه راستلیق بیلان خطلادیم. پس انینک دوشمنی ایتقان سوزلاریگا دلیل کلتوروب اثبات قیلالماسه هیچ بر عاقل آدم انینک سوزیگا ایشانمایدور. بیز نینک ایشیمیز هم شونگا اوخشاش دور. مسلمانلار مسیحیلار انجیل نی تبدیل قیلیب دور دیرلار امّا بیز انجیل نی توتوب ایتورمیز بو کتاب صحیح دور. هیچ تبدیل تاپماغان دور. اگر بیز قرآن تبدیل تاپقان دور دیساک البتّه بو سوزنینک راستلیقیغه بیزدین

دلیل ایستارسیزلار. شونینکغه اوخشه بیزهم سیزدین دلیل سورارمیز. پس سن مسیحیلار انجیلنی تبدیل قیلغاندور دیسانک بیز سندین دلیلینک نمه دور دیب سورارمیز. نفس الامرده هیچ کشی مونکا بر دلیل کلتورالماکان دور. عالملار تبدیل تاپقانی تحقیق برایش ایکان دیب کمان قیلورلار امّا اولارنینک هیچ بری اصلا دلیل تاپالماسلار. لیکن بیز مسیحیلار انجیلنینک تبدیل تاپماغانیغه و انجیلنینک تعلیملاری باشقه طریقه قیلینماغانیغه دلیل کلتورالورمیز.

ای مسلمان برادرلار عالملارینکیز مسیحیلار انجیلنی تبدیل قیلیب دور دیرلار. اکر انداغ بولسه انجیلنینک تبدیل تاپماقی حضرت محمّدنینک توغولوشیدین ایلکاری و واقع بولدیمو؟ ویا انینکدین کیین واقع بولدیمو؟ ایکیسی نینک بریکا تورماق لازم دور.

برکشی انجیل حضرت محمّد توغولماسدین ایلکاری تبدیل تاپقان دور دیب ایتسه جوابیمیز بو دور:

برکشی نینک توغولوشیدین ایلکاری هیچ کشی انینک توغراسیدا بر نرسه بیلمایدور. مثلا بیزدین کیین توغولادورغان کروه کروه بالالارنینک توغراسیدین هیچ بر ادم بر نرسه بیلمایدور. شونکا اوخشه حضرت محمّدنینک توغراسیدا اول توغولماسدین ایلکاری مسیحیلارنینک هیچ بری بر نرسه بیلماس ایردی. پس اولار بو بارهدا هیچ نرسه بیلماکاندین کیین البتّه انجیلنی تبدیل قیلماق اولارنینک خیالیغه هم کلماکان دور.

برکمرسه ایتسهکه انجیلده حضرت محمّدنینک بارهسیدا بر نچه پیغمبرلیک سوزلار بار ایردی امّا مسیحیلار انی یخشی کورماکان اوچون یوقاتیب دورلار. انکا جوابیمیز بو دور: هرکشی اوزیکا یخشیلیقنی خواهلایدور. برکشی کتابیدا اوز بارهسیدا یخشیلیق بولادورغان برسوزنی اوقوب کورسه البتّه مونی یوقاتغالی خواهلامایدور لیکن مونینک ضدّیدا اوزیکا زحمت و تنکلیک بولادورغان بر سوزنی کورسه احتمال بارکه انی یوقاتقالی خواهلایدور.

مثلاً بو یورتغه برکشی کلسه بر منصبدار بجیندین چیقادور اول بارغاندا سیزلارنی تولا یماندیقلاردین اغیر البانیدین اوغری و قراقچیلارنینک اذیّتیدین و باشقه تولا مشکلولکلاردین قوتقازادور دیب انینکده یتوکان بولسه برکمرسه اول خوش خبرنی

یېرتیب انتقالی یا که اوچوروب انتقالی قوپارمو البته هیچ کشی موندا‌غ قیلماس. شونینگغه اوخشه اگر عیسی مسیح حضرت محمّدنینگ توغراسیدین انجیلده اول اخرقی پیغمبر دور و عالم‌نینگ قوتقازغوچی‌سی دور دیکان بولسه البّته مسیحیلار بو سوزلارکا دقّت قیلیب خوشلوق بیلان ساقلار ایردی. مسیحیلار حضرت محمّد توغولوشیدین ایلکاری انجیل‌نی تبدیل قیلیب دور دیماك عقلدین یراق بر دعوا دور.

خدا انجیلده ایتیب دور: بو کتاب‌نینگ پیغمبرلیکی‌نینگ سوزلارینی انگلاغان هر کمرسه‌کا گواهلیق بروررمن‌که اگر بر کمرسه مونینگ اوستیکا اوشورسه خدا انینگ اوستیکا شو کتابدا پتولکان بلاآلارنی اوشورور. و اگر بر کمرسه شو پیغمبرلیك کتابی‌نینگ سوزلاریدین کمیتسه خدا انینگ نصیبی‌نی تیریکلیك کتابیدین و مقدّس شهردین و شوکتابدا پتولکاندین کمیتور. مکاشفات ۲۲ : ۱۸ — ۱۹. خدا انینگ موندا‌غ چینگ سوزلارینی انگلاغان کشی انجیلدین بر نرسه‌نی کمیتماکدین یا که انگا بر نرسه‌نی قوشماقدین قورقماسمو؟ مبادا بر یمان آدم بو ایشقه جرئت قیلسه قالغان صالح مسیحیلار مونینگغه اعتراض قیلماسمو ایردی؟ بر تقدیر بو یمان آدم بر نچه دانه انجیل‌نی تبدیل قیلغان بولسه بولك کشیلارنینگ قولیداکی انجیللار ساق قالماسمو ایردی؟ بتحقیق اولارساق قالغان بولور ایردی. بو سوزلار انجیل‌نینگ حضرت محمّد توغولوشیدین ایلکاری تبدیل تاپماغانیغه اوچوق دلیل دور. قرآندا تورات و انجیل‌نینگ توغراسیدا بر نچه یرده گواه لیق بار دور. قرآندا پتولکان دورکه خدا حضرت موسی‌غه تورات‌نی و حضرت عیسی‌غه انجیل‌نی بردی. مسیحیلار انجیل‌نی تبدیل قیلدی دیکان سوز قرآندا هیچ یوق دور بلکه یهودیلار و مسیحیلارکا تورات و انجیل‌نی اوقوغالی امر بار دور. سورة التوبة ۱۱۳ ونچی آیتت‌ده پتولوب دور: وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي ٱلتَّوْرَاةِ وَٱلْإِنْجِيلِ وَٱلْقُرْآنِ یعنی تورات و انجیل و قرآنداکی وعده حق دور. ینه سورة المائدة ۷۳ ونچی آیتدة پتولوب دور: يَا أَهْلَ ٱلْكِتَابِ لَسْتُمْ عَلَىٰ شَيْءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُوا ٱلتَّوْرَاةَ وَٱلْإِنْجِيلَ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ یعنی ای اهل کتاب تورات‌نی و انجیل‌نی و سیزکا ربینگیزدین نازل بولغان‌نی قایم قیلماغونچه هیچ نرسه‌ده برقرار ایماس سیزلار. ینه سورة العنکبوت ۴۵ نچی آیتده اهل کتابیغه یعنی یهودیلار و مسیحیلار بارەسیدا پتولوب دور: آمَنَّا بِٱلَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَأُنْزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمْ

وَاحِدٌ يعنى بيزكا و سيزكا نازل بولغان نرسه‌كا يعنى وحى‌كا ايمان كلتوردوك و بيزنينك و سيز نينك خدا اينكيز بردور. موندا غ آيتلار انجيل نينك حضرت محمّد نينك زمانيدا تبديل تاپما غانيغه اوچوق دليل دور. قرآن نينك هيچ بر يريده مسيحيلارنينك انجيلنى تبديل قيلغانىنى ايتماب دور بلكه انينك حكملارينى توتقالى و ساقلاغالى بيوروب دور و اولارنينك قوليدا اكى انجيل خدانينك كلامى دور ديب ايتيلغان دور. انجيل حضرت محمّد نينك وقتيدين ايلكا رى تبديل تاپقان بولسه موندا غ حركتكا دلالت قيلا دورغان سوزلار قرآندا ايتولماكان بولور ايردى. بو دليللاربيلان انجيل حضرت محمّد نينك زمانيدين ايلكارى تبديل تاپماغانى ثابت بولوب دور.

ايمدى انجيل حضرت محمّد نينك زمانيدين كين تبديل تاپماغانيغه دليل كلتورورميز. هر ملّتده شونداغ هم مسيحيلارنينك اراسيدا يخشى آدملار و يمان آدملار تاپيلور. بو هم قرآندا ايتيلغان دور. مثلاً سورة آل عمران ١٠٦ نجى آيتده پتولوب دور: مِنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ يعنى اهل كتاب اراسيدا ايشانكانلار بار دور و تولالارى فاسق دور. ايا ايشانكان يخشى مسيحيلار انجيلنى تبديل قيلديلار مو؟ اولار قانداغ بو ايشنى قيلغالى جرئت قيلور ايرديلار؟ ايا يخشى كشيلار يمان ايشنى قيلورلار مو؟ خدانينك كلامينى بوزغاندين چونكراق يمانليق بار مو؟ بتحقيق موندين چونكراق كناه هيچ تاپيلمايدور. يخشى مسيحيلار شونداغ يمان ايشنى هيچ وقت قيلالماس ايرديلار.

بر كشى يخشى مسيحيلار ايماس امّا يمانلار انجيلنى تبديل قيليب دور ديسه اول وقت انينكدين سورارميز: نمه ايشقه اولار شونى قيليب دور؟ معلوم دوركه يمان آدملار هميشه دنيانينك عزّت و حرمتينى ايستايدور. حضرت محمّددين آز وقت كيين تولا مملكتلارده اسلام حكومتى جارى بولدى. بو يمان مسيحيلار اسلام دينيغه كيرسه‌لار كوچ قوّت و عزّت حرمت تاپار ايرديلار ليكن مسيحيليكده تورسه‌لار تولا زحمت ومشقت تارتار ايرديلار. اولار مونى بيليب تورروب مسيحيليكده برك تورماق اوچون انجيلنى تبديل قيلديلار مو؟ يوق هركز انداغ ايماس. اولار اسلامنى قبول قيلماس اوچون بو عالم ده تنكليك تارتار ايرديلار و آخرتده خدانينك كلامينى بوزغانى اوچون هلاك بولوشلارينى بيلور ايرديلار. بو يمان مسيحيلارنينك هم انجيلنى تبديل قيلما

غانی‌نی بیزکا کورساتادور. خیر یمانلار انجیل‌نی تبدیل قیلغان بولسه‌هم یخشی مسیحیلارنینک قوللاریدا ساق انجیل کتاب‌لار بولغاندین کین اولار یمانلارنینک بو ایشی‌نی اشکارا قیلماس ایردیلارمو؟ البتّه اولار مونی اشکارا قیلور ایردیلار. هیچ کشی بو توغرادا اکب قیلماغاندین بیلورمیزکه یمانلار انجیل‌نی تبدیل قیلماب دورلار.

مسیحیلارنینک دینی حضرت محمّدنینک زمانیدا جاری بولغان یرلار تولا ایردی. انجیل عربستاندا مصردا یونانستاندا ایسپانیادا آفریقانینک شمال طرفیده انکلسیّه‌ده و باشقه یورت‌لاردا بشارت بریلکان ایردی. کروه کروه مسیحیلار چونک کچیک مینک مینک شهرلارده بار ایردیلار. هر بر یرده انجیل‌نی اوقور و ایشتور ایردیلار. حضرت محمّدنینک زمانیدا نیچه مینک دانه بولك بولك یورت‌لاردا انجیل بار ایردی. برتتدیر بر یمان مسیحی انجیل‌نی تبدیل قیلای دیسه‌هم نه طریقه بیلان هر طرفکا تارالغان شونچه انجیل‌لارنی تبدیل قیلالور ایردی؟ عربستاندا بر نیچه انجیل تبدیل قیلغان بولسه عربستاندین مینک مینک منزل‌لار یراق بولغان ایسپانیا و انکلسیّه و باشقه یورت‌لارداکی انجیل‌لارنی قانداغ تبدیل قیلالور ایردی. یمان مسیحیلار انجیل‌نی تبدیل قیلغان بولسه یخشی مسیحیلار اصل انجیل‌نی چونکراق دقّت بیلان ساقلاماس ایردیلارمو؟ مسلمان عالم‌لاری تعیین ایتورلارکه انجیل تبدیل تاپقان دور. اگر بو سوزلاری راست بولسه تبدیل تاپماغان اصل انجیل‌نی بیزکا کورساتسونلار. بو وقت‌لاردا نهایتی کهنه قلمی انجیل‌لار بار دور. امّا اولارنینک فکریچه بولارنینک هیچ بری ساق ایماس چونکه عیسی مسیح‌نینک تعلیمی همه‌سیده برابر دور. و اولاردا حضرت محمّدنینک توغراسیدا بر سوزهم تاپماب دورلار.

مسلمانلارنینک اراسیدا سنّی و شیعه و باشقه فرقه‌لار بولغاندیك حضرت محمّدنینک زمانیدین ایلکاری وهم کین مسیحیلارنینک اراسیداهم بر نیچه فرقه‌لار بار ایردی. بر فرقه انجیل‌نی تبدیل قیلماقچی بولسه باشقه فرقه‌لار قوییوب اعتراض قیلماس ایردیلارمو؟ البتّه قیلور ایردیلار. لیکن هیچ بر فرقه ینه بر فرقه‌کا نمه ایشقه سن حضرت محمّدنینک اسمی‌نی انجیلدین چیقاردینک دیب اعتراض قیلغانی یوق دور.

حضرت محمّدنبینک توغولوشیدین بر نیچه یوز یل ایلکاری پتولکان قلمی انجیل‌لار

بو وقتغیچه ساقلانغان دور. حضرت محمّدنینک توغولوشیدین تخمیناً ایکی یوز یل ایلکاری پتولکان بش دانه کهنه قلمی انجیل بار دور. اولار رومدا لوندوندا اکا مبریچده پاریژده و پترو کراددا دورلار. بولارنی اوقوب باقساق اوشبو کوندا کی انجیل بیلان تمام برابر کلادور. بولارنینک هیچ بریده حضرت محمّدنینک باره‌سیدین سوز یوق دور. مونینک بیلان مسیحیلارنینک انجیل‌نی خضرت محمّدنینک زمانیدین کین تبدیل قیلماغانی اوچوق معلوم بولادور چونکه بو کهنه کتابلار بیلان ینکی کتابلار تمام برابر کلادور.

بو تورت قسم دلیل بیلان انجیل حضرت محمّدنینک زمانیدین کین تبدیل تاپما غانی‌نی کورساتوک. یوقاریدا کی تورت دلیل بیلان انینک توغولوشیدین ایلکاری تبدیل تاپماغانی‌نی کورساتوک. مونینک بیلان مسیحیلارنینک قولیدا کی انجیل‌نینک تبدیل تاپماغانیغه اقرار قیلغالی مجبور دورسن.

امّا عالم‌لار ینه ایتورلارکه انجیل منسوخ بولغان دور انداغکه‌بر پادشاه‌بر وقت‌دا بر حکم چیقارادور و بر نچه یلدین‌کین انی بوزادورغان بولک بر حکم چیقارادور شونکا اوخشه انجیل قرآن‌نینک کلماکی بیلان منسوخ بولوب دور. امّا سن اوزونک فکر قیلغیل بر حکم ینه بر حکم برله منسوخ بولسه بولور لیکن راست بولغان نرسه همیشه راست تورادور هیچ وقت یالغانغه مبدّل بولمایدور. خدانینک یالغان ایتمایدورغانیغه هر آدم اقرار قیلادور. خدا تورات‌دا و انجیلده بر وقت‌دا ایتغان سوزی همیشه راست تورادور. مونینک‌غه هیچ شک یوق دور. خدا تورات‌دا آدم شیطان‌نینک وسوسه‌سی بیلان امتحانغه توشوب کناه‌کار بولدی دیب دور. بو سوزن‌سلابدا راست‌ایردی‌شونداغ ابدغیچه هم راست تورادور. شونینک‌غه اوخشه خدا انجیل‌ده اینقان و تعلیم برکان سوزلاری پتولکان وقت‌دا حق ایردی و ابدغیچه راست تورادور.

SMF, Kashgar

1920

Översättning från Engelskan